# ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇرۇق - تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولايلى

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدە ئۇرۇق - تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلماقتا.

## بايراقنى كۆتۈرۈپ يۆنىلىشنى بەلگىلەش ——

**يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىسىگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسىنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى**

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، كۆپ مىللەتلىك بولۇش دۆلىتىمىزنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا دۆلىتىمىز تەرەققىياتىدىكى بىر چوڭ پايدىلىق ئامىل. كۆپ مىللەتنىڭ بۈيۈك بىرلىكى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كۆپ مەنبەلىك بىر گەۋدە بولۇشى ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرغان بىر مۇھىم بايلىق، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ بىر مۇھىم ئەۋزەللىكى. ھەرقايسى مىللەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىنى، بىپايان زېمىنىنى ئورتاق ئاچتى، جۇڭگونىڭ ئۇزاق تارىخىنى، پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتتى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادكارلىق روھى، ئۇلۇغ كۆرەش روھى، ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىق روھى، ئۇلۇغ ئارزۇ روھىنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇزاق مۇددەت كۆرەش قىلىش جەريانىدا ئورتاق يېتىلدۈرگەن، ۋارىسلىق قىلغان، راۋاجلاندۇرغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ قىياپىتى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ قىياپىتى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىدىغان، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

ھازىر، دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، مىللەتلەر خىزمىتى نۇرغۇن يېڭى باسقۇچ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، بۇ، يېڭى دەۋردە مىللەتلەر خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش ۋەزىپىسىنىڭ تېخىمۇ ئېغىر، تەلىپىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى، قىيىنلىق دەرىجىسىنىڭ تېخىمۇ زور ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى.

يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى پىلانلاپ، يىراق كەلگۈسىنى كۆزلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىدىكى بىر قاتار مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق شەرھلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى ——

مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، مىللىي مەسىلىنى جۇڭگوچە ھەل قىلىش توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

مىللىي مەسىلىنى جۇڭگوچە ھەل قىلىشتىكى توغرا يول جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىدا چىڭ تۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى پۇختىلاشتا چىڭ تۇرۇش، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچىل - ئىناق ئۆتۈپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئىناق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق بولغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. «ئاياغنىڭ پۇتقا دەل كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى پەقەت ئاياغنى كىيگەن ئادەملا بىلىدۇ.» دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىللىي مەسىلىنى جۇڭگوچە ھەل قىلىش يولى توغرا، دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەندى.

بۇ يىل 7 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىچكى موڭغۇل دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى تۇنجى يولغا قويۇلغان جاي بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت خەلقنى پارتىيەنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنى ئورتاق قوغداپ، گۈزەل تۇرمۇشنى ئورتاق يارىتىپ، يېڭى دەۋردە نەمۇنىلىك ئاپتونوم رايوننىڭ يۈكسەك شان - شەرىپىنى داۋاملىق ساقلاش كېرەك. باش شۇجى چىفېڭ شەھىرى خىڭەن كوچا باشقارمىسى مائەنشەن كەنتىگە كېلىپ، تۆت ئەۋلاد بىرگە ياشايدىغان «كۆپ مىللەتلىك ئائىلە»گە كىرىپ، شۇ جايدىكى ئون كادىر، ئاممىا ۋەكىلى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مىللىي رايون ئاپتونومىيەسىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت تەجرىبىسىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، بۇ تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ جان تومۇرىنى ياخشى قوغداش كېرەك.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ ئۇيۇشقان، جاسارەت بىلەن ئورتاق ئىلگىرىلىگەن بىر تارىختۇر.

«خەلق ۋەكىللىرىنى خەلق سايلايدۇ، خەلق داھىيسىنى خەلق سۆيىدۇ.» مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىشلەش ئۈچۈن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇلدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاشقا قاتناشتى ھەم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق كۆرسەتتى: «ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنى ئورتاق قوغداپ، گۈزەل تۇرمۇشنى ئورتاق يارىتىش كېرەك».

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى»، 12 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 - يىغىنىدا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا، خىزمەتتە، ئۆگىنىشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپ تەربىيەسى، ئائىلە تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى، ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى دائىم پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرۇش كېرەك.» مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ھەر مىللەت ئاممىسى بىللە ئولتۇراقلىشىدىغان، بىللە ئۆگىنىدىغان، بىللە ئىشلەيدىغان، بىللە كۆڭۈل ئاچىدىغان جەمئىيەت شارائىتىنى تىرىشىپ يارىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدە ئۇرۇق - تۇغقاندەك يېقىن ئۆتىدىغان، ئۆزئارا ھەمدەم بولىدىغان قىلىش كېرەك.

مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، مىللىي رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

مىللىي رايونلار نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ھەل قىلىش ئەڭ تەس بولغان ئەڭ قىيىن مەسىلە: پۈتۈن مەملىكەتتىكى 14 توپ تۇتاش ئالاھىدە نامرات رايوننىڭ 11ى مىللىي رايونلارغا جايلاشقان ياكى مىللىي ئاپتونوم جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ پۈتۈن مەملىكەتتىكى 120 ئاپتونوم ناھىيە(خوشۇن)نىڭ 85ى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە؛ مەركەز بېكىتكەن ئېغىر نامرات «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»نىڭ ھەممىسى مىللىي رايونلاردا.

باش شۇجى شى جىنپىڭ قىيىنچىلىقى بار ئاز سانلىق مىللەت ئاممىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا بىرمۇ مىللەت كەم قالسا بولمايدۇ؛ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، بىرمۇ مىللەت كەم قالسا بولمايدۇ.» سىچۈەن لياڭشەن يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا يوقلىغان، ھال سورىغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: «مەيلى بۇ مەسىلە قانچىلىك قىيىن بولسۇن جەزمەن ھەل قىلىش كېرەك، مەيلى بۇ مەيدان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قىلىش قانچىلىك قىيىن بولسۇن جەزمەن غەلىبە قىلىش كېرەك».

بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

دالياڭشەن تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ نامرات يىزۇ ئائىلىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، كەنت ئائىلىلىرى ۋەكىللىرى، كەنتتە تۇرۇشلۇق نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى بىلەن مەشنى چۆردەپ ئولتۇرۇپ، دەل جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرلىرىنى پىلانلاپ، كەڭ كەنت ئائىلىلىرىنى مەدەنىيەت ئۆگىنىپ، ماھارەت ئۆگىنىپ، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، يەنە ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. چىڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: مىللىي رايونلارنىڭ خاس ئەۋزەل بايلىقىنى تەرتىپلىك ئېچىپ، مىللىي رايونلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئىمكانىيەتلىك سېجىل تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيەدە، ئاچقۇچى ئادەمدە.

تارىخ شۇنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدىكى، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىلا ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئازاد قىلالايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى گۈللەندۈرەلەيدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىسلىسىز بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

دەل پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، مىللىي رايونلار ئىلگىرىكى نامراتلىق، قالاقلىق بىلەن خوشلاشالىدى. پەقەت پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ھېچقانداق ئادەم، ھېچقانداق كۈچ دۆلىتىمىزنىڭ ئىناق مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سىياسەت جەھەتتە تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ.

مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر مىللەتلەر خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، سىياسىي جەھەتتە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئىگىلەش، مىللەتلەر مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك».

پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈلگەندە چۈشىنىدىغان ئادەم بولۇش، مىللەتلەر خىزمىتى ئاساسىي قاتلامدا تۇتىدىغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن، مىللىي رايونلاردا زور بىر تۈركۈم ياخشى كادىرلار بولۇشى كېرەك. «زور ھەق - زور ناھەقنى پەرقلەندۈرۈشتە مەيدان ئالاھىدە روشەن بولۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا ھەرىكەت ئالاھىدە قەتئىي بولۇشى، ھەر مىللەت ئاممىنى قىزغىن سۆيۈشتە ھېسسىيات ئالاھىدە سەممىي بولۇشى كېرەك»، باش شۇجى شى جىنپىڭ مىللىي رايونلاردىكى ياخشى كادىرلار ئۆلچىمىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇنداق تەكىتلىدى: ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، تاللاپ ئۆستۈرۈپ، مۇنەۋۋەرلىرىنى مۇھىم رەھبەرلىك ئىش ئورنىغا قويۇش كېرەك.

ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سېلىندى، بايراق كۆتۈرۈلۈپ يۆنىلىش بەلگىلەندى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدا دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشنى قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلىدى.

## باھار شامىلى بىلەن ئىللىتىش ——

**يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىغا رىشتە باغلاپ، ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرىنى جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، ھاللىق سەۋىيەگە ئورتاق ئاتلىنىشقا ئىلھاملاندۇردى**

سوتسىيالىستىك جۇڭگودىن ئىبارەت ئىللىق چوڭ ئائىلىدە، ھەرقايسى مىللەتلەر نوپۇسى جەھەتتە ئاز - كۆپ دەپ ئايرىلمايدۇ، ھەممىسى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىنى ھېس قىلالايدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا كۆپ قېتىم چوڭقۇر چۆكۈپ، تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىا بىلەن سەممىي دوستلاشتى... باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ ھال - ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، باشلامچىلىق بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، ھېسسىياتنى يېتىلدۈرۈش، يۇغۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشتى.

ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنىشىغا باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى.

بۇلتۇر چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ دالياڭشەننىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان سىچۈەن جاۋجۆ ناھىيەسىنىڭ سەنچاخې يېزىسى سەنخې كەنتىگە بېرىپ، نامرات ئائىلىلەرگە كىرىپ ئۆي ئىگىلىرى بىلەن سەممىي مۇڭداشتى، ئۇلاردىن تۇرمۇشىنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى، قانداق كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى، كىرىمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، بالىلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيالىغان - ئوقۇيالمىغانلىقىنى سورىدى...

ئائىلىلەرنى كۆچۈرۈش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى بىر خىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. باش شۇجى شى جىنپىڭ چىڭخەيدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا، خەيدۇڭ شەھىرىنىڭ خۇجۇ تۇزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىگە كېلىپ، نامرات تۇزۇ ئائىلىسى لۈ يۈجىننىڭ ئۆيىگە كىرىپ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى كەنت قۇرۇلۇشىنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مىللەت، رايون، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە قىياپىتىنى قوغداش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

گۇاڭشىدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ دىيالېكتىكىلىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولىدۇ؛ چېگرا قۇرۇلۇشى ياخشى ئىشلەنسە، مىللەتلەر ئىشلىرى يۈكسەلسە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشمۇ زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇ بىر قانچە تۈرلۈك خىزمەت بىر ئورگانىك ئومۇمىي گەۋدە، بىرلىكتە تەتقىق قىلىش، ماس قەدەمدە ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى.

«بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولىمىز»، قۇربان تاغىنىڭ ئەۋلادلىرىغا يازغان جاۋاب خېتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ قۇربان تاغىنىڭ ئەۋلادلىرىنى يۇرتداشلار بىلەن بىرلىكتە پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيۈشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى ئورتاق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈردى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ئىشلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سىردىشىشتا، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ ھالىغا يېتىش، كۆڭۈل ئارقىلىق كۆڭۈلنى ئۇتۇش كېرەك». شىزاڭ لىنجىدىن كەلگەن گېساڭ ۋاڭجيۇ ئاساسىي قاتلام مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىدە نەق مەيداندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان.

گېساڭ ۋاڭجيۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «قەدىناس دوستى». 2011 - يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان يولداش شى جىنپىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن بىللە سېرىق ماي چېيى ئىچىپ مۇڭداشتى، گېساڭ ۋاڭجيۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى. «ئۇ خۇددى مېھرىبان قېرىندىشىمىزغا ئوخشاش، بىزگە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىمىزنى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلدۇردى» دېدى گېساڭ ۋاڭجيۇ ئەينى چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇ كۆرۈنۈشلەر ھازىرمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىگەنىدى.

مىللىي رايونلارنىڭ ئۈل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا باش شۇجى شى جىنپىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

بۇ يىلقى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا، مىللىي رايونلارنىڭ قاتناش تەرەققىياتى توغرىسىدا باش شۇجى شى جىنپىڭ مىللىي رايونلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن تەسىرلىك سۆھبەت ئېلىپ باردى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكى.

«باش شۇجى، چارۋىچىلار سىزنىڭ كەنتىمىزگە كېلىشىڭىزنى چىن كۆڭلىدىن قارشى ئالىدۇ!» دېدى تۈڭلياۋ شەھىرى زارۇد خوشۇنى شەرقىي سالا كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ۋەكىل ۋۇ يۈنبو باش شۇجىنى تەكلىپ قىلىپ.

«سىلەرنىڭ كەنتكە بېرىش ئۈچۈن قانداق ماڭىدۇ؟» دەپ سورىدى باش شۇجى گەپكە جاۋابەن قىزىقارلىق قىلىپ.

«ئايروپىلان، يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزنىڭ ھەممىسى بولىدۇ» دېدى ۋۇ يۈنبو ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن تۈزلا قىلىپ.

«بېيجىڭدىن قانداق بارىمىز؟ ماشىنا يول كۆرسىتىپ بېقىڭ» باش شۇجى يەنە سورىدى.

«ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بىزنىڭ تۈڭلياۋ ئايرودرومىغا بارسىز، بىز ئاپتوموبىللىق سىزنى ئالغىلى چىقىمىز، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياسالدى، ھازىر يول بەك ياخشى». ۋۇ يۈنبونىڭ گېپى تۈگىمەيلا يىغىن مەيدانىنى خۇشال كۈلكە ساداسى بىر ئالدى.

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، گەنسۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى.

«مېنىڭ ھېلىھەم ئېسىمدە، 2013 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، سىز تىك تاغ يولىنى بويلاپ، بۇلېگوۋ كەنتىگە كەلگەنىدىڭىز» دېدى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى جۇيىشەن باشلانغۇچ مەكتىپىدىن كەلگەن ۋەكىل دۇڭ سەيۈن باش شۇجىغا، «يۇرتۇمدا تېخى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياسالمىدى، بىزمۇ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياسىلىپ، يۇرتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىشنى ئارزۇ قىلىمىز».

«گەنسۇدا تېخى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياسالمىغان ناھىيەدىن قانچىسى بار؟» دەپ سورىدى باش شۇجى يېنىدا ئولتۇرغان گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى مەسئۇل يولداشتىن.

«گەنسۇدىكى جەمئىي 86 ناھىيە، رايوندىن 31 ناھىيەدە تېخى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياسالمىدى، 40 نەچچە ناھىيەدە تېخى تۆمۈريول ياسالمىدى. ھازىر يىرىك پىلان تۈزۈپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئۆدۈللەشتۈرۈۋاتىمىز» دەپ جاۋاب بەردى بۇ مەسئۇل يولداش.

سەممىي ئىنتوناتسىيە، تەپسىلىي سورالغان سوئاللار چوڭ دۆلەت، چوڭ پارتىيەنىڭ بىر داھىيسىنىڭ مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان چوڭقۇر غەمخورلۇقىنى نامايان قىلدى.

(ئاخىرى 6 - بەتتە)